# مۇسۇلماننىڭ ئۆز قېرىندىشىغا (دۇنيالىق ئىشلار ئۈچۈن) ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇشى توغرا بولمايدۇ، كىمكى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇپ ئۆلۈپ كەتسە دوزاخقا كىرىدۇ

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى:
«مۇسۇلماننىڭ ئۆز قېرىندىشىغا (دۇنيالىق ئىشلار ئۈچۈن) ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇشى توغرا بولمايدۇ، كىمكى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇپ ئۆلۈپ كەتسە دوزاخقا كىرىدۇ»
سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان -[ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: مۇسۇلمان ئۈچۈن مۇسۇلمان قېرىندىشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت قىلىش توغرا بولمايدۇ، ئەگەر ئۇنداق قىلىش دۇنيا مەنپەئەتى ۋە شەخسى غەرەز ئۈچۈن بولسا ھالال بولمايدۇ، ئەمما شەرئى مەقسەت ئۈچۈن بولسا توغرا بولىدۇ، بەلكى بەزى ۋاقىتتا زۆرۈر بولىدۇ، مەسىلەن: بىدئەتچى، پاسىق ۋە پاجىر كىشىلەر تەۋبە قىلمىسا ئۇلار بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈش زۆرۈر بولىدۇ. كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئاندىن شۇ قىلمىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، تەۋبە قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كېتىدىكەن ئۇ ئادەم دوزاخقا كىرىدۇ، ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، مۇسۇلمانلاردىن بىرەر كىشى ئاللاھ ئۆتنۈۋەتمەيدىغان بىرەر گۇناھنى قىلىپ، دوزاخقا كىرىشكە ھەقلىق بولۇپ دوزاخقا كىرسە، ئۇ كىشى دوزاختىن چوقۇم چىقىدۇ، ئەبەدىلئەبەد دوزاختا قالمايدۇ، پەقەت كاپىرلارلا دوزاخقا لايىق، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇلار ئۈچۈن دوزاختىن چىقىشقا ھېچ يول يوق



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee